2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى | مۇھىم خەۋەرلەر

# خەلق ئارىسىدىن قۇدرەتلىك كۈچ قوبۇل قىلىش

(بېشى 5 ـ بەتتە)

ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدە، شىلىنغول ئايمىقىنىڭ ئايماق باشلىقى، ۋەكىل خو جاۋلياڭ ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئايماقتىكى 60%تىن ئارتۇق رايوننى ئېكولوگىيەنى ئاسراش قىزىل سىزىقىغا كىرگۈزۈپ، ئەمدى يايلاقتا يېڭىدىن كان ئېچىش تۈرىنى يولغا قويمايدىغانلىقىنى تونۇشتۇردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ئېنىق يوليورۇق بەردى: «ئۇ يەرنى قالدۇرۇپ قويساق، كېيىنكى ئەۋلادلار پايدىلىنىدۇ».

باش شۇجى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىدىغان 100 يىللىق ئۇلۇغۋار پىلان. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، يېشىل تەرەققىي قىلدىغان يۆنىلىشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى سىجىل ياخشى قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي چېگراسىدىكى ئون مىڭ چاقىرىملىق بۇ يېشىل سەددىچىن سېپىلنى تېخىمۇ مۇستەھكەم قۇرۇپ چىقىش كېرەك».

...

«بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئىشلەپ، تىرىشىپ ئاممىغا ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىش، ئۇلارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچى ۋە كۆرەش قىلىش پەزىلىتىنى نامايان قىلدى.

خەلققە تايىنىش ــ

### «كرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش»

سىياسىي كېڭەش بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىدا، ئەزا ليۇ يۇڭخاۋ باش شۇجىغا مۇنداق ئىنكاس قىلدى: ھازىر پۇقراۋى كارخانىلار بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار «ئۈچ قىيىن بولۇش» ــ ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش قىيىن بولۇش، مەبلەغ سېلىش قىيىن بولۇش، نەقلەشتۈرۈش قىيىن بولۇشقا دۇچ كەلمەكتە.

بۇ ئۈچ «قىيىن بولۇش»نى ئاڭلاپ، شى جىنپىڭ كۆپ تەسراتقا ئىگە بولۇپ مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى پۇقراۋى كارخانىلار جۇڭگونىڭ ئۈمىد دالاسىدا ئۆسۈپ يېتىلدى، لېكىن باشلىنىپلا دۇچ كەلگىنى بىر پارچە قاقاسلىق بولدى. ئۇلار يوچۇقلاردىن ھاياتلىق ئىزدىدى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ يول ئاچتى، بۇ جەريان ناھايىتى جاپالىق بولدى. بۈگۈنكى كۆلەمگە تەرەققىي قىلىشى، بۈگۈنكى تۆھپىلەرنى قوشۇشى ئىنتايىن قالتىس ئىش».

باش شۇجى سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكەپ مۇنداق دېدى: «پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى تەرەققىياتى يەنىلا ‹قىيىن بولۇش› ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. پەلسەپەۋى مەنىدىن ئېيتقاندا، ‹قىيىن بولۇش› ھەرقانداق ساھەدە ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى مەڭگۈلۈك تېما. ھازىر دۇنيادا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە، ‹قىيىنچىلىق› ھەممە تەرەپتە مەۋجۇت. ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئۆزلۈكسىز يېڭىپ، يېڭى تەرەققىيات يولىغا ماڭغىلى بولىدۇ».

«قىيىنچىلىق»قا بىۋاستە يۈزلىنىش ھازىرقى دۆلەت ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتىگە بولغان ئېنىق تونۇش.

باش شۇجى مۇنداق بىر مۇھىم ھۆكۈم چىقاردى: «دۇنيادىكى ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئىككى تەرەپلىملىكى بولىدۇ، بۇ قېتىمقى يۇقۇم بىر مەيدان كرىزىس، لېكىن مەلۇم دەرىجىدە يېڭى پۇرسەتمۇ ھازىرلىدى» «كرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك». باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەتراپلىق، دىيالېكتىك، يىراقنى كۆرىدىغان نەزەر بىلەن ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك قىلدى.

باش شۇجى بىر قاتار سانلىق مەلۇماتلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، كۆز قارىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزاھلىدى ــ

100 مىليوندىن ئارتۇق بازار سۇبيېكتى ۋە 170 مىليوندىن ئارتۇق ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ياكى تۈرلۈك كەسپىي ماھارەتكە ئىگە ئىختىساسلىقلار؛

400 مىليوندىن ئارتۇق ئوتتۇراھال كىرىملىك توپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇستىن شەكىللەنگەن ئادەتتىن تاشقىرى زور كۆلەملىك ئىچكى ئېھتىياج بازىرى؛

يۇقۇم مەزگىلىدە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ ھالىتى كارامىتىنى كۆرسەتتى، 1 ـ پەسىلدە ئەمەلىي تاۋارلارنىڭ توردا پارچە سېتىلىش سوممىسى 5.9% ئېشىپ، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 23.6% بولدى، تور يىغىنى، تور سودىسى، توردا تەربىيەلەش قاتارلىقلار زور دەرىجىدە ئاشتى...

«بىزنىڭ پايدىلىق شارائىتىمىز يەنىلا ناھايىتى كۆپ.» «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭى گۈللەنگەن كەسىپلەرنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى، ئېشىش قۇتۇبىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.» دەل جايىدا قىلىنغان تەھلىل بۇلۇتنى يېرىپ قۇياشنى كۆرسىتىپ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا بىزنىڭ ئەڭ زور كۈچىمىز خەلقتىن كېلىدۇ.

«مەن شۇنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيمەنكى، خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ زور ئىشەنچى».

ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلقنىڭ كۈچىنى مۇنداق مەدھىيىلىدى: «كەڭ خەلق ئاممىسى ئومۇمىيەتنى تونۇپ، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشى چوڭ ۋەزىيىتىگە ئاڭلىق ماسلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتىكى ئۇلۇغ كۈچنى شەكىللەندۈردى» «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشتە خەلققە چىڭ تايىنىش كېرەك».

خەلققە تايىنىش، بۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىدىكى غەلىبە ئەڭگۈشتەرى؛ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، بۇ، بوران ـ چاپقۇندا توسالغۇسىز جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى كۈچلۈك ئارقا تىرەك.

ۋۇخەن شىنجوۋ رايونى چىنبۇ كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى جاڭ ۋېنشى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئۇ ئۆز كەچۈرمىشى ئارقىلىق باش شۇجى شى جىنپىڭغا ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنە باش شۇجىغا ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشتا ساقلىنىۋاتقان «كەمتۈكلۈكلەر»نى ئىنكاس قىلدى.

«بۇ قېتىمقى يۇقۇم بىزنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىمىزنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى سىنىدى، شۇنداقلا بىزنىڭ كوچا ۋە مەھەللە، يېزا ـ بازار ۋە كەنت ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنىمۇ يەنىمۇ گەۋدىلەندۈردى.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن جەڭ مەزگىلىنى بىرلەشتۈرۈش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر ئاساس، بىر يۈرۈش مېخانىزم سىستېمىسى بولۇشى كېرەك. ئاچقۇچلۇق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقرالايدىغان، تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئېچىلغان پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تېما مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىندى، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈردى.

دىققەتنى بۇ قارالمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەر، ئەزالار بەس ـ بەستە ئەقىل ـ چارە كۆرسەتتى.

خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىدە، بەش ۋەكىل ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئاممىۋى سەھىيە مۇداپىئە تورىنى پۇختا توقۇش، زىچ توقۇش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ بەش جەھەتتىن مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، دەل جايىدا تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: «كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش» «يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش» «ئېغىر، زور يۇقۇم بىلەن يۇقۇملانغانلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش» «ئاممىۋى سەھىيە بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش قانۇن ـ نىزاملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش»... ھەم مەۋقەنى ھازىرغا قويدى، شۇنداقلا يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سالدى.

ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە «يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىش» تېمىسىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى:

«ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ھەم مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ھەم يىراققا نەزەر سېلىپ، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قىسىم ئەسقاتىدىغان تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى تەتقىق قىلىپ، پىلانلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىشقا قارىتا يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم، زور بىرلىك پىلان، مۇھىم، زور ئىسلاھات، مۇھىم، زور سىياسەتلەرنى قاراتمىلىق ھالدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشتا خىزمەت تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەش، تەرەققىيات تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنغا قاتناشقاندا، شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن ئارمىيە ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئارمىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 2020 ـ يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي تاماملىشى كېرەك.

ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش داۋامىدا مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتە، تارىخىي چوڭ سىناقتا تارىخىي ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرى كىشى قەلبىنى روھلاندۇرىدۇ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ ــ

«كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار خەلققە چىڭ تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشىدە نامايان قىلغان روھىي قىياپەتنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلىپ، كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، يېڭى، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 4 ـ بەتتە)

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ھەممە ئائىلىنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ھەربىر تەدبىر چىقارغاندا، ھەممە ئائىلىگە پايدىلىق بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى، خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئويلىشىشى كېرەك. بۇ يىل بىز يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالاھىدە ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئويلىشىپ، تۆۋەن كاپالەت ۋە ئىشسىزلىق كاپالىتى دائىرىسىنى كېڭەيتتۇق. ھازىر تۆۋەن كاپالەت، ئىشسىزلىق كاپالىتى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىقلار دائىرىسىدىكىلەر تەخمىنەن بىر يىلدا 60 مىليون ئەتراپىدا، بىز بۇ يىل ئادەم سانىنى بىرقەدەر كۆپ ئاشۇرۇشنى مۆلچەرلەۋاتىمىز. كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش مەبلىغى يېتەرلىك، ئۇلارنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىمىز بار. بىز چوقۇم ھېساباتنى ئىنچىكە قىلىپ، پۇلنى دەل جايىغا ئىشلىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ھەققىي كاپالەتلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىمىز. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يەنە 300 مىليونغا يېقىن كۈتۈنۈش پۇلى ئالىدىغانلار بار، بۇ يىل بىز كۈتۈنۈش پۇلى ئۆلچىمىنى ئۆستۈردۇق، دېگەن ئىكەنمىز قىلىشىمىز كېرەك.

ئەمەلىي ئىشلەشنى مۇھىم بىلىش كېرەك، ھەرىكەت سۆزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي كاپالەت فوندى قالدۇقىمىز ۋە زاپىسىمىز كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ۋاقتىدا تولۇق سوممىلىق تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، لېكىن خىزمەتتە ھېچقانداق سەۋەنلىك كۆرۈلسە بولمايدۇ. بۇ ئىشتا سەۋەنلىك كۆرۈلسە، كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى قالمايدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ئەنئەنىسى بار، بىز جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئۈمىد ئاتا قىلىمىز. تۈرلۈك كاپالەتلەندۈرۈشنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلايمىز، بۇمۇ خەلق رايىنى خاتىرجەم قىلىشتا كۈچلۈك تىرەك بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدۇ. خەلق دۆلەتنىڭ ئاساسى، ئاساس مۇقىم بولغاندىلا دۆلەت تىنچ بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى خىزمەت بىر ئىش بولماستىن، بەلكى كۆپ ئىش بولۇپ، بىز ھەممىسىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، جايىدا ئىشلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**سىنگاپور بىرلەشمە ئەتىگەنلىك گېزىتى مۇخبىرى:** سىز ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا، يەر شارىۋى يۇقۇم ۋە ئىقتىساد ـ سودا ۋەزىيىتىنىڭ ئېنىقسىزلىقى ناھايىتى زور بولغاچقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى بەزى مۆلچەرلەش قىيىن بولغان تەسىر ئامىللىرىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدىڭىز. سىز نۆۋەتتە جۇڭگو دۇچ كېلىۋاتقان تاشقى ۋەزىيەتكە قانداق ھۆكۈم قىلىسىز؟ جۇڭگو تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قانداق تاقابىل تۇرىدۇ؟ پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئاممىۋى سەھىيە خىرىسى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىش خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇشتا، جۇڭگو قانداق رول ئوينايدۇ؟

**لى كېچياڭ:** بىز ئالدى بىلەن ھازىرقى دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ باقايلى. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقىلىپ، دۇنياغا ئېغىر زەربە پەيدا قىلىپ، غايەت زور تەسىر ئېلىپ كەلدى. ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سەۋەبىدىن، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە، ھەمكارلىق كۆرۈنەرلىك ئازايدى، ئەگەر يەنە داۋاملىشىۋەرسە، دۇنيا ئىقتىسادى تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كېتىدۇ، بۇ خەتەرلىك. ئەگەر دۇنيا ئىقتىسادىدا ئېشىش ئەسلىگە كېلەلمىسە، كەلگۈسىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشمۇ ناھايىتى تەس بولۇشى مۇمكىن. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانى ئاممىۋى مەھسۇلاتلارغا ئالاھىدە ئېھتىياجلىق، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ئېھتىياجلىق، ئېچىۋېتىشكە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ، سودا سېپىلىمىسىنى ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە قولايلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا بىز يۇقۇمنىڭ دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن زەربىسى ئۈستىدىن ئورتاق غەلىبە قىلىپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەكتە ئازايتالايمىز.

ئىشىكنى تاقىۋېلىپ تەرەققىياتنى يولغا قويۇش ئاقمايدۇ، بۇ تېرىقچىلىق دەۋرىگە قايتقانغا باراۋەر. جۇڭگو ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىدۇ، بۇ ئۆزگەرمەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزگىرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز دۇنيا بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئالدىمىزغا چىقىرىمىز. ئېچىۋېتىش ھەرقايسى دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ھاۋانىڭ ئادەمگە مۇھىم بولغىنىغا ئوخشاش بولۇپ، بىردەممۇ ئايرىلالمايدۇ، بولمىسا تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. بىز ئېچىۋېتىش داۋامىدا يەنە خەلقئارا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە يەنە بەزىلەر كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى تەڭشەش كېرەك دېيىشى مۇمكىن. كارخانىلارنىڭ تەڭشەش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا، بازار قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، بازار قانۇنىيىتىدە ئەسلىدىنلا كارخانىلار كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ، ھايات ـ مامات بولۇپ تۇرىدۇ. بىز بازار قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلساق، قارىسىغا لايىھەلىسەك بولمايدۇ، بەلكى بازارنى تېخىمۇ ئۆز ئارا ئېچىۋېتىشىمىز كېرەك.

قوش يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتا، دوستانە ئۆتۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، بىز دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆز ئارا مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. دۆلەت مەيلى چوڭ ـ كىچىك، باي ـ نامرات، كۈچلۈك ـ ئاجىز بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. بىللە ئۆتۈش قائىدىسىدە ئەگەر مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلەر بولۇپ تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كەلسە، كۆپچىلىك بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۆز ئارا نەپ يەتكۈزۈش كېرەك. ھەمكارلاشقان ئىكەنمىز، ئورتاق پايدا ئېلىشىمىز كېرەك، يالغۇز پايدا ئېلىش ئۇزاققا بارمايدۇ، يالغۇز يەۋېلىشمۇ ئاقمايدۇ. پەقەت ئورتاق پايدا ئېلىش جەريانىدىلا كۆپچىلىك ئاندىن ئورتاق ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ. يەنە ئۆز ئارا ياردەم بېرىشىمىز، ئۆز ئارا ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، ھەممىسى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك خەلقئارا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارغا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۈستىمىزگە ئېلىشقا تېگىشلىك خەلقئارا مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۈستىمىزگە ئالىمىز.

جۇڭگو ناھايىتى چوڭ بازار، بىز ئالغا سىلجىتىۋاتقان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان ۋە بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدىغان كۆلەملىك سىياسەتلەر ئىستېمال بازىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدۇ. جۇڭگونىڭ يەنىلا كۆپچىلىك ياخشى دەپ بىلىدىغان مەبلەغ سېلىش مۇنبەت تۇپرىقى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز تېخىمۇ كۆپ چەت ئەل تاۋارلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، دۇنياغا يۈزلەنگەن چوڭ بازارغا ئايلىنىشنى خالايمىز.

يۇقۇمدىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئاممىۋى سەھىيە خىرىسىغا قانداق تاقابىل تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلغا ئالغاندا، مەن ئالدىدا كۆپ قېتىم جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. مەن ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، يۇقۇمدىن كېيىن تېخىمۇ ئېچىۋېتىشنى، چېكىنىشتىن كېيىن يېڭى گۈللىنىش بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەم ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

مۇخبىرلار يىغىنى توردا سىنلىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلدى، ئاساسىي يىغىن مەيدانى خەلق سارىيىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدىكى ئالتۇن رەڭلىك چوڭ زالغا تەسىس قىلىندى، شۆبە يىغىن مەيدانى مېيدىيا ئىككى يىغىن ئاخبارات مەركىزىگە تەسىس قىلىندى. مۇخبىرلار يىغىنى تەخمىنەن 110 مىنۇت داۋاملاشتى.